## 1695 ـ ھايۋاناتلارنىڭ تىرىسىدىن ئىشلەنگەن نەرسىلەرنىڭ ھۆكمى

### سوئال

گۆشى يېيىلىدىغان ياكى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ، ئاشلانغان ياكى ئاشلانمىغان تېرىلىرىنى ئىشلىتىش توغرىسىدىكى شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى نېمە؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالالاھقا خاستۇر.

بوغۇزلاش بىلەن ھالال بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ تىرىسى پاكىزىدۇر. تۆگە، كالا، قوي، بۆكەن، توشقان ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشىغان ھايۋانلارنىڭ تىرىسى بوغۇزلاش بىلەن، مەزكۇر تىرە ئاشلانسۇن ياكى ئاشلانمىسۇن پاك بولىدۇ.

ئەمما گۆشى يېيىلمەيدىغان ئىشت، بۆرە، يولۋاس، پىل ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان ھايۋانلارنىڭ تىرىسى، بوغۇزلانسۇن ياكى ئۆلتۈرۈلسۇن ياكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان بولسۇن بەرىبىر نىجىستۇر. چۈنكى مەزكۇر ھايۋانلار بوغۇزلانغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ تىرىسى ئاشلانسۇن ياكى ئاشلانمىسۇن ئوخشاشلا نىجىستۇر. كۆچلۈك قاراشلاردا؛ ئالالاھنىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلاش ئارقىلىق پاك بولمايدىغان ھايۋانلارنىڭ تىرىلىرى، ئاشلاش ئارقىلىقمۇ پاكلانمايدۇ ۋە نىجىسلىق ھالىتىدە قالىدۇ.

بوغۇزلاش بىلەن ھالال بولىدىغان ھايۋانلار تۆرىدىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغانلىرىنىڭ تىرىسى، ئاشلىنىشتىن بۇرۇن نىجىس ھېسابلىنىدۇ ئەمما ئۇ ئاشلانسا پاكىزە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى سۆزىمىزنى يىغىنچاقلىساق، ھايۋانلارنىڭ تىرىلىرى ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ:

بىرىنچى: پاكىزە تىرە. بوغۇزلاش بىلەن ھالال بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ تىرىسى، ئاشلانسۇن ياكى ئاشلانمىسۇن پاكىزىدۇر.

ئىككىنچى: نىجىس تىرە. چوشقىغا ئوخشاش گوشى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلار بوغۇزلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ تىرىسى ئاشلانسۇن ياكى ئاشلانمىسۇن ئوخشاشلا نىجىستۇر.

ئۈچۈنچى: ئاشلاشتىن بۇرۇن نىجىس، ئاشلانغاندىن كېيىن پاكىزە بولىدىغان تىرە. بۇ گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلار بولۇپ، شەرئى بوغۇزلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ تىرىسىدۇر.